بالىلار ئۈچۈن

# ئۈچ ئاساس



شەيخ ھەسەن ھۈسەينى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

# ئاتا-ئانىلار ۋە ئۇستازلارغا

مۇسۇلمان ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىگە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ ئاساسىنى ئۆگىتىشكە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم:

| رەببىڭ كىم؟ | دىنىڭ نېمە؟ | پەيغەمبىرىڭ كىم؟ |
| --- | --- | --- |

رەببىنى تونۇش بالىغا ئاللاھنىڭ پۈتكۈل كائىناتنى ياراتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا، ئىبادەتنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىشنى ئۆگىتىپ، ئۇنىڭدا بەندىلىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ.

دىنىنى تونۇش بالىغا ھايات يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىسلام ئارقىلىق ھالال-ھارامنى پەرقلەندۈرۈشنى، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى ۋە دۇنيا-ئاخىرەت بەختىگە ئېلىپ بارىدىغان يولدا مېڭىشنى ئۆگىنىدۇ.

پەيغەمبىرىنى تونۇش بالىغا گۈزەل ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاللانغان ئەلچىسىدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى، سۆزلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بالىغا ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلىشنى ۋە قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدۇ.

بۇ ئۈچ ئاساس بالىنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپ، توغرا ئەقىدە ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## كىتابچىدىن قانداق پايدىلىنىمىز؟

بۇ كىتابچە تۆت بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بالىلارنى ئويلىنىشقا يېتەكلەيدىغان سوئاللارنى ۋە رەسىملىك قىزىقارلىق مەشقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن:

١ بىللە ئوقۇڭ. پەرزەنتىڭىز چۈشەنمىگەن نۇقتىلارنى ئاددىي جۈملىلەر ۋە تۇرمۇشتىكى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

٢ تەكرارلاپ تۇرۇڭ. ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ئېسىدە قېلىشى ئۈچۈن، پات-پات سوئال سوراپ، بىللە ئەسلەپ بېقىڭ.

٣ ئۆگىنىشنى قىزىقارلىق قىلىڭ. كىچىك مۇسابىقە ۋە مەشقلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تىرىشچانلىقىنى رىغبەتلەندۈرۈڭ.

٤ ئۆزىڭىز ئۈلگە بولۇڭ. بالىڭىز سۆزىڭىزدىنلا ئەمەس، ئىش-ھەرىكىتىڭىزدىنمۇ ئۆگىنىدۇ. ئۆگەتكەنلىرىڭىزنى كۈندىلىك ھاياتىڭىزدا ئەمەلىيلەشتۈرۈڭ.

---

ئاللاھتىن بۇ كىتابچىنى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ دىن ئاساسلىرىنى ئۆگىنىشىگە پايدىلىق قىلىشنى سورايمىز. خاتالىق ياكى كەمچىلىكلەر بايقالسا، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇۋەپپەقىيەت پەقەت ئاللاھتىندۇر. ئۇنىڭدىن ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلىشنى تىلەيمىز. بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر.

# ئاللاھنى تونۇش



## رەببىڭىز كىم؟

**رەببىم ئاللاھتۇر**

**ئۇ مېنى ياراتتى، ئۇ مېنىڭ ئىلاھىمدۇر**

## دەلىلىڭىز نېمە؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٢ ﴾

«جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر[2]» -سۈرە فاتىھە

## رەببىڭىزنى قانداق تونۇدىڭىز؟

**مۆجىزىلىرى ۋە ياراتقانلىرى ئارقىلىق**

**مۆجىزىلىرى**

كېچە بىلەن كۈندۈز

**ياراتقانلىرى**

ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار

## ئاللاھ نەدە؟

ئاسماندا (يەنى ئاسماننىڭ ئۈستىدە، بارلىق مەخلۇقاتلىرىنىڭ يۇقىرىسىدا، ئەرشتە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالغان).

## ئاللاھ بىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

ئاللاھ بىزنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴿٥٦﴾﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم [57]»
- سۈرە زارىيات

## ئىبادەتنىڭ بەزى تۈرلىرىنى بايان قىلىپ بېقىڭ؟

| قەلبنىڭ ئىبادەتلىرى | تىلنىڭ ئىبادەتلىرى | بەدەننىڭ ئىبادەتلىرى |
| --- | --- | --- |
| - ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش | - دۇئا قىلىش | - ناماز ئوقۇش |
| - ئاللاھتىن قورقۇش | - ئاللاھنى زىكرى قىلىش | - زاكات بېرىش |
| - ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش | - قۇرئان ئوقۇش | - ھەج قىلىش |

## ئاللاھنى غەزەپلەندۈرىدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟

شېرىك كەلتۈرۈش، يەنى ئاللاھقا باشقا نەرسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىشتۇر.

## تولۇقلاپ سىزىڭ ۋە بوياڭ



## مۇسۇلمانلار نېمىگە ئىبادەت قىلىدۇ؟ چەمبەر ئىچىگە ئېلىڭ



## بالىنىڭ مەسجىدنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلىڭ



## ئاللاھ بىزنى نېمىشقا ياراتتى؟

توغرا جاۋابنى چەمبەر ئىچىگە ئېلىڭ



ئىبادەت قىلىش



ئۇخلاش



يەپ-ئىچىش

## ئاستىدىكى جەدۋەلدىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭ

ئاللاھ، مەسجىد، تەۋھىد، ئىبادەت

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| و | ل | ە | ھ | ا | ل | ل | ا | ئ |
| ئ | ئ | ن | ا | س | ھ | ې | ئ | ە |
| ا | ا | ك | پ | ا | ش | أ | ە | م |
| د | ە | ھ | ۋ | ە | ت | ز | ې | ا |
| ا | ا | ھ | ر | ن | ا | خ | ا | ن |
| ز | ە | س | ر | ۇ | ك | ۇ | د | س |
| ت | ۇ | م | ا | ل | س | ئ | ە | ە |
| ى | د | ە | ج | س | ە | م | ت | ب |
| ر | ا | ت | ا | ي | ا | ھ | ك | ر |



## تۆۋەندىكى ئىبادەتلەرنى جەدۋەلگە تۇرگە ئايرىپ يېزىڭ

دۇئا قىلىش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ناماز ئوقۇش، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | | قەلبنىڭ ئىبادەتلىرى |
| | | | تىلنىڭ ئىبادەتلىرى |
| | | | بەدەننىڭ ئىبادەتلىرى |

# دىننى تونۇش



## دىنىڭىز نېمە؟

دىنىم ئىسلامدۇر، شۇنداقلا ئىسلام مېنىڭ ھايات يولۇمدۇر

## دەلىلىڭىز نېمە؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ ١٩﴾

«ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر[19].»

## ئىسلامنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئاللاھقا تەۋھىد بىلەن تەسلىم بولۇش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىش، شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىدىن ئادا-جۇدا بولۇشتۇر.

## دىنىنىڭ مەرتىۋىلىرى قايسىلار؟

ئىسلام | ئىمان | ئېھسان

## پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى نېمە؟

بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلامدۇر.

## ئىسلامنى نەدىن ئۆگىنىمىز؟

- قۇرئان كەرىم
- پەيغەمبەر سۈننىتى

## ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى قايسىلار؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان:

1. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش
2. نامازنى ئادا قىلىش
3. زاكات بېرىش
4. ھەج قىلىش
5. رامىزان روزىسىنى تۇتۇش

## ھاجىنىڭ كەبىگە بېرىش يولىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلىڭ



### تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ماس كەلگەن جەدۋەلگە تۇرگە ئايرىپ يېزىڭ:

شېرىك كەلتۈرۈش، يېيىش، ناماز ئوقۇش، يالغان سۆزلەش، سەدىقە قىلىش، ئۇخلاش، غەيۋەت قىلىش، ھەج قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، يول مېڭىش، دۇئا قىلىش

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىبادەت | | | | |
| گۇناھ | | | | |

## تۆۋەندىكىلەرنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇڭ







- گۇۋاھلىق بېرىش
- نامازنى ئادا قىلىش
- زاكات بېرىش
- رامىزان روزىسى تۇتۇش
- ھەج قىلىش

## تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرىسىغا ✓ بەلگىسى خاتاسىغا ✗ بەلگىسى قويۇڭ

☐ 1) ئىنسانلار ئىسلام دىنىنى تاللىشى كېرەك.

☐ 2) موھتاجلارغا ۋە كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىش زاكاتتۇر.

☐ 3) دىنىنىڭ مەرتىۋىسى بەشتۇر.

☐ 4) بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلامدۇر.

ئىسلامنىڭ ئاساسى قانچە؟ ساناپ بېقىڭ.

8 7 6 5 4

مۇسۇلمان دىنىي قايسىلاردىن ئۆگىنىدۇ؟
توغرا بولغانغا ئىشارەت قىلىڭ.



# پەيغەمبەرنى تونۇش

## پەيغەمبىرىڭىز كىم؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىم،
يولباشچىم ۋە ئۈلگەمدۇر



## دەلىلىڭىز نىمە؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِ ۚ ٢٩﴾

«مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر[29]». سۈرە فەتىھ

## پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلار كىملەر؟

- ئەرلەردىن ⇦ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ
- ئاياللاردىن ⇦ خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا
- باللاردىن ⇦ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تولۇق ئىسمى نىمە؟

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىم

## پەيغەمبىرىمىز ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىمىز نىمە؟

- ياخشى كۆرۈش
- تەستىقلاش
- ئەگىشىش

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەھىرى قايسى؟




تۇغۇلغان شەھىرى
مەككە مۇكەررەمە

مەدىنە مۇنەۋۋەرە

## ئاللاھ تائالا نىمە ئۈچۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتكەن؟

- ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆگىتىش
- تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش
- شېرىكتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن

## رەسىمنى بوياڭ



پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېشى ھەققىدىكى توغرا بولغان ساننى چەمبەر ئىچىگە ئېلىڭ!

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پەيغەمبەر بولغان | 25 | 36 | 40 | 55 |
| ۋاپات بولغان | 58 | 63 | 68 | 70 |

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئەڭ بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىسمىنى تۇتاشتۇرۇڭ

ئەرلەردىن

ئاياللاردىن

باللاردىن



ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رضي الله عنه

ئەبۇ بەكرى سىددىق رضي الله عنه

خەدىچە ئىبنى خۇۋەيلىد رضي الله عنها

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىمىز

1. ____________
2. ____________
3. ____________

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەن كىشى قىلىدىغان ئىشلارنى چەمبەرنىڭ ئىچىگە ئېلىڭ

- ناماز ئوقۇش
- ھاياتنى ئۆگىنىش
- ھەدىسلىرىنى يادلاش
- ساھابىلىرىنى ياخشى كۆرۈش
- سۈننەتكە ئەگىشىش
- ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش
- ئىسمىنى چىرايلىق يېزىپ ئېسىۋېلىش

## تۆۋەندىكى ئۈچ مەسجىدنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟

(ئاتا-ئانىڭىزدىن بۇلارنىڭ ھېكايىسىنى سوراپ بىلىۋېلىڭ)



______________________



______________________



______________________

# ئۈچ ئاساس

## ئۈچ ئاساس قايسىلار؟

- ئاللاھنى تونۇش
- دىننى تونۇش
- پەيغەمبەرنى تونۇش



## ئىنساندىن قەبرىدە سورىلىدىغان سوئاللار قايسىلار؟

- رەببىڭ كىم؟
- دىنىڭ نېمە؟
- پەيغەمبىرىڭ كىم؟

## ئۈچ ئاساسنى هاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن كىشىنىڭ مۇكاپاتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

كىمكى: «ئاللاھنىڭ رەببىم، ئىسلامنىڭ دىنىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىم ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇم» دېسە، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ.

## كىشىلەر نەچچە خىل بولىدۇ؟

| | |
|---|---|
| مۇسۇلمان | يېگانە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان كىشى |
| كاپىر | ئاللاھقا ئىمان ئېيتمايدىغان كىشى |
| مۇشرىك | ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا نەرسىگىمۇ ئىبادەت قىلىدىغان كىشى |
| مۇناپىق | كۆرۈنۈشتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان، لېكىن قەلبىدە ئىنكار قىلىدىغان كىشى |

## مۇئمىننىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ كاپىرنىڭ ئاقىۋىتىچۇ؟

مۇئمىننىڭ ئاقىۋىتى ⇐ جەننەت

كاپىرنىڭ ئاقىۋىتى ⇐ جەھەننەم

## ئۈچ ئاساسنىڭ رەت تەرتىپىنى
## چەمبەرنىڭ ئىچىگە يېزىڭ




## بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ

مۇسۇلمان دىسە جەننەت ۋاجىب بولىدىغان دۇئا قايسى؟

- - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - -

- - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - -

- - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - -

بولغانلىقىغا رازى بولدۇم.

بېرىلگەن جەدۋەلدىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تېپىپ تۇتاشتۇرۇڭ ۋە مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

مۆئمىن، كاپىر، مۇشرىك، مۇناپىق.

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| و | ـل | ـهـ | ك | م | ە | د | ا | ئ |
| ئ | ئ | ن | ا | ـسـ | ھ | ـېـ | ئ | ـهـ |
| ا | ا | ك | پ | ا | ش | ا | پ | ـم |
| ذ | ث | ن | ـهـ | ـمـ | ئ | ۇ | ـم | ا |
| ا | ا | ھ | ر | ن | ا | خ | ۇ | ن |
| ز | ـهـ | س | ر | ۋ | ك | ۋ | ش | س |
| ت | ۋ | م | ا | ـل | ـسـ | ئ | ر | ە |
| ق | ـهـ | پ | ا | ذ | ۇ | م | د | ب |
| ر | ا | ت | ا | ي | ا | ھ | ك | ر |



قەبرىدە سورىلىدىغان سوئاللارنى دائىرە ئىچىگە ئېلىڭ.

كىتابىڭ نېمە؟ دوستۇڭ كىم؟ رەببىڭ كىم؟ نەدە تۇغۇلدۇڭ؟

پادىشاھىڭ كىم؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ ئاتاڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟

## مۇئمىننىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ كاپىرنىڭ ئاقىۋىتىچۇ؟




مۇئمىننىڭ ئاقىۋىتى ...................، كاپىرنىڭ ئاقىۋىتى ...................

## توغرا جاۋابنىڭ ئالدىغا ✓ بەلگىسى، خاتا جاۋابنىڭ ئالدىغا ✗ بەلگىسى قويۇڭ

☐ 1) مۇشرىك كۆرۈنۈشىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان، قەلبىدە ئىنكار قىلىدىغان كىشى.

☐ 2) ئىنسانلار: كاپىر ۋە مۇشرىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

☐ 3) ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھ - يالغانچىلىقتۇر.

☐ 4) ئاللاھ ئىنسانلارغا دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.

☐ 5) ئاللاھ بىزنى يېگانە، شېرىكى يوق ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى.